# ئىستىقلال ئاۋازى

ماي 2024
ئومۇمىي 46 - سان

## خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى

# ئارقىمۇ ئارقا شەرقىي تۈركىستانغا باردى

ئون مىڭ خىتاي ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى
10- بەت

خىتاي زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلماقتا
22- بەت

خىتاي باش مىنىستىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ جازالانغان شىركەتلەرنى زىيارەت قىلدى
46- بەت

بېنگاللىق يۇتۇبېر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئاشكارىلىدى
50- بەت

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تېررورلۇققا زەربە بېرىشنى قايتا تەكىتلىشى دىققەت قوزغىدى
70- بەت



ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر


ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



# ISTIQLAL


## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم


## لايىھەلىگۈچى
سېلىن ۋەتەنداش

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL



بەت 18



بەت 34



بەت 42

بەت 14



# مۇندەرىجە


6 غەرب شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە داۋاملىق چېتىشلىق بولماقتا

10 ئون مىڭ ختاي ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى

22 ختاي زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلماقتا

26 ختاي يەنە ئۆزبېكىستان خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى

30 تەتقىقات نەتىجىسى: چوڭ تىپتىكى پارچە سېتىش مەھسۇلاتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق

38 ئامېرىكا ختاينىڭ يەنە 37 ئورگىنىنى جازا تىزىملىكىگە قوشتى

46 ختاي باش مىنىستىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ جازالانغان شىركەتلەرنى زىيارەت قىلدى


50 بېنگاللىق يۇتۇبېر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئاشكارىلىدى

58 سابىق جاسۇس ختاينىڭ مەخپىي ساقچى ھەرىكىتىنى ئاشكارىلىدى

62 ختاي ئەلچىخانىسى پاكىستان خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى

66 ب د ت ئەمەلدارى: دۆلەتلەر ختايغا جازا يۈرگۈزۈشنى توختىتىشى كېرەك

70 ختاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ تېررورلۇققا زەربە بېرىشنى قايتا تەكىتلىشى دىققەت قوزغىدى

# غەرب شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە داۋاملىق چېتىشلىق بولماقتا



ئامېرىكا خىتاي
ئىشلىرى ئىجرائىيە
كومىتېتى (CECC)
«ئۇيغۇر مەجبۇرىي
ئەمگىكىنى چەكلەش
قانۇنى» يولغا قويۇلغان

ئىككى يىلدىن بۇيان،
غەرب شىركەتلىرىنىڭ
شەرقىي تۈركىستاندىكى
ئىنسان ھەقلىرى
دەپسەندىچىلىكىگە
داۋاملىق چېتىشلىق




**"**


**نۇرغۇن قانۇن-تۈزۈملەر ۋە تەشەببۇسلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى توختىتالمىغان.**

بولۇۋاتقانلىقىنى
تەكىتلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ
خەۋەر قىلىشىچە،
ئامېرىكا ھۆكۈمىتى
يولغا قويغان «ئۇيغۇر
مەجبۇرىي ئەمگىكىنى
چەكلەش قانۇنى»نى
ئۆز ئىچىگە ئالغان
نۇرغۇن قانۇن-تۈزۈملەر
ۋە تەشەببۇسلار خىتاي
شەرقىي تۈركىستاندا
ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي
قىرغىنچىلىق ۋە كەڭ
كۆلەملىك مەجبۇرىي
ئەمگەكنى توختىتالمىغان.
ئامېرىكا پارلامېنت
ئەزالىرى 30-ئاپرېل

ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنتتىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، غەرب شىركەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەپتىش، ئاتالمىش «مۇھىت، جەمئىيەت ۋە باشقۇرۇش» ئۆلچىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلىش قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا ۋە ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇنداقلا مەھسۇلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدىغان شىركەتلەرنى خىتايدا سودا قىلىشنى توختىتىشقا چاقىرغان. ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىس سمىس 30-ئاپرېل كومىتېت تەرىپىدىن ئېچىلغان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا: «شىركەتلەر تەپتىش نامىدا يوشۇرۇش ئارقىلىق، ئىستېمالچىلارنى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش






**ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى 2022-يىلى 6-ئايدىن تارتىپ ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى.**

تارماقلىرىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىنى ئىشەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنىغا ۋە سودا قانۇنىنىڭ 301-ماددىسىغا خىلاپلىق قىلمىغانلىقىغا قايىل قىلماقچى بولدى» دەپ تەكىتلىگەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلەپ، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، 2022-يىلى 6-ئايدىن تارتىپ رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلەشكە تىرىشقانىدى.

# ئون مىڭ خىتاي ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» دائىمىي كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 10 مىڭ كومپارتىيە ئەزاسى خىتاينى 10 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىتايلاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» دائىمىي كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 30-ئاپرېل ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، 10 مىڭ ۋەكىل 10 مىڭ ئائىلىگە كىرىش» تەشۋىقات-لېكسىيەسى سەپەرۋەر قىلىش-تەربىيەلەش يىغىنى ئاچقان.

يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش» دېگەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىبارىلىرى تەكىتلەنگەن. سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا



قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى باش تېما قىلىپ، تەشۋىقات-لېكسىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.

يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

**ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش تەدبىرلىرى داۋاملاشماقتا.**





# قورچاق ئەمەلدارلارمۇ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلماقتا.

كومىتېتى»نىڭ مۇدىرى قورچاق ئەمەلدار زۇمرەت ئوبۇل: «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆچۈرۈش، تارىخىنى بۇرمىلاش، مۇقەددەس ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش رەزىل پىلانى بويىچە، 2017-يىلىدىن باشلاپ، ئاتالمىش

«قوشماق تۇغقان» نامىدا خىتايلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىگە كىرگۈزگەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ئالاقىسى، سۆز-ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، خىتاي رېجىمى دوكلات خاتىرىسىگە ئاساسەن خەلقنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاپ جازالىغانىدى.

خىتاينىڭ بۇ قىيتمىلىق يىغىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەردىن قۇتۇلۇپ قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خىتايلاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى مەجبۇرىي تېڭىش، چوڭقۇرلاپ نازارەت قىلىشتەك ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

**«قوشماق تۇغقان» نامىدا ئۆيلەرگە كىرگۈزۈلگەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ.**



# چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى:
# خىتاي تۈرمىلىرىدىكى ژۇرنالىستلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ



ASIA - PACIFIC

# China

The People's Republic of China (PRC) is the world's largest prison for journalists, and its regime conducts a campaign of repression against journalism and the right to information worldwide.

| INDEX 2024 | | INDEX 2023 | |
|---|---|---|---|
| 172 / 180 | Score : 23.36 | 179 / 180 | Score : 22.97 |
| POLITICAL INDICATOR | 168 19.14 | POLITICAL INDICATOR | 178 26.06 |
| ECONOMIC INDICATOR | 163 29.65 | ECONOMIC INDICATOR | 167 29.51 |
| LEGISLATIVE INDICATOR | 172 22.28 | LEGISLATIVE INDICATOR | 178 17.36 |
| SOCIAL INDICATOR | 173 21.79 | SOCIAL INDICATOR | 177 17.07 |
| SECURITY INDICATOR | 172 23.93 | SECURITY INDICATOR | 173 24.87 |

**«خىتاي ھەر يىلى ئاخبارات ئەركىنلىكىدە ئەڭ ئارقىغا تىزىلىپ كەلمەكتە.»**



چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى يىللىق ئاخبارات ئەركىنلىكى كۆرسەتكۈچى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكى دۇنيا بويىچە ئاخىرىدىن سانىغاندا سەككىزىنچى ئورۇندا تۇرغان، خىتاي تۈرمىلىرىگە قامالغان ژۇرنالىستلارنىڭ سانى دۇنيادا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى (RSF) 3-ماي دۇنيا ئاخبارات ئەركىنلىكى كۈنىدە 2024-يىللىق «دۇنيا ئاخبارات ئەركىنلىكى كۆرسەتكۈچى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاي 180 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە




173-ئورۇندا تۇرغان. مەركىزى پارىژغا جايلاشقان چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي تۈرمىلىرىگە قامالغان ژۇرنالىستلارنىڭ سانى يەنىلا دۇنيادا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي داۋاملىق ئۇچۇرنى قاتتىق كونترول قىلغان ۋە تەكشۈرگەن بولۇپ، دۇنيا بويىچە ژۇرنالىستلارنى ئەڭ كۆپ تۇتقۇن قىلىپلا قالماي، ئاخبارات ئۇچۇر يوللىرىنى داۋاملىق قاتتىق كونترول قىلغان. توردىكى مەزمۇنلارنى قاتتىق



تىزگىنلەپ، سەزگۈر ياكى ختاي رېجىمىنىڭ تەشۋىقات لىنىيەسىگە قارشى ئۇچۇرلارنى تارقىتىشنى قاتتىق چەكلىگەن. 2023-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ختايدىكى ئاخبارات ئەركىنلىكىنى چەكلەش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان.

چېگراسىز مۇخبىرلار

**«ختاي تۇتقۇن قىلغان ژۇرنالىستلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار بولماقتا.**

تەشۋىقات مۇتەخەسسىسى ئالېكساندرا بىيلاكوۋسكى ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «ختايدىكى ئەھۋاللار قىلچە ياخشىلانمىدى، ختاي يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ ژۇرنالىست قامالغان دۆلەت بولۇپ، نۆۋەتتە 119 ژۇرنالىست تۈرمىگە قامالغان. بۇلارنىڭ ئونى خوڭكوڭلۇق» دېگەن.

# ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر شى جىنپىڭنىڭ ياۋروپا زىيارىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى



فىرانسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەر شى جىنپىڭنىڭ فىرانسىيە زىيارىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

فىرانسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 5-ماي ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ

**خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان نامەلۇم كىشىلەر شى جىنپىڭغا قارشى نامايىشنى قالايمىقان قىلىشقا ئۇرۇندى.**



**شى جىنپىڭ ياۋروپا زىيارىتىدە فىرانسىيە، سېربىيە ۋە ۋېنگرىيەنى تاللىدى.**

ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شى جىنپىڭنىڭ ماكرون تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنىشىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن بولۇپ، نامايىش تىياتىر شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نامايىشتا ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى پىلاكاتلار كۆتۈرۈلگەن.

بۇ جەرياندا خىتايلار نامايىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرگەن



بىر گۇرۇپپا خىتايلار قالايمىقان توۋلاپ، خىتايغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىنىۋاتقان تىياتىرغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان. يەنە خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان نامەلۇم كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىشقان.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، فرانسىيەدە ياشاۋاتقان تىبەتلەرمۇ شى جىنپىڭنىڭ فرانسىيە زىيارىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن. 5-ماي چۈشتىن كېيىن جۇمھۇرىيەت مەيدانىغا توپلانغان تىبەتلەر «ياشىسۇن ھۆر تىبەت» دەپ شوئار توۋلاشقان.

شى جىنپىڭ 5-مايدىن 10-مايغىچە فرانسىيە، سېربىيە ۋە ۋېنگرىيەنى زىيارەت قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بەش يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ياۋروپا دۆلەتلىرىگە زىيارەتكە بېرىشى ھېسابلىنىدىكەن.



# خىتاي زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق
# ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلماقتا

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، زەھەرلىك چېكىملىكنى ۋاستە قىلىپ قوللانغانلىقى ئاشكارا بولماقتا.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ رەزىل



**خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرىنى قوللانماقتا.**



مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، زەھەرلىك چېكىملىكنى يەنە بىر ۋاستە قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى.

ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، غۇلجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بىر ياش موخوركىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئادەم چەككەندىن كېيىنلا قېتىپ قالىدىغان بىر خىل زەھەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھ بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ يېقىندا غۇلجىدا ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇيۇقسىز قېتىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كەچتە ساق-سالامەت ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن ياشلارنىڭ ئەتىسى ئۆلۈكى چىقىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبى موخوركىغا ئوخشاش بىر خىل زەھەرلىك چېكىملىك پەيدا بولغانلىقىنى، بۇنى چەككەندىن كېيىن ئىش خۇشياقمايدىغان بوشاڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، خۇمار قىلىدىغان بۇ خىل موخوركىنى كۆپرەك چەككەنلەرنىڭ قېتىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى چىڭ تۇتۇشى، بولسا بۇ خىل زەھەرلىك چېكىملىكنى ساتقۇچىلارنى پاش قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر ياشنىڭ ئېيتىشىچە، جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھەيدەيدىغان بىر يېقىنى ئۇنىڭغا: «موخوركىغا ئوخشاپ كېتىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن 15 ئۇيغۇر بالىنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ باردىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 12 سى ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن.



خىتاي كەيپ-ساپا، زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كېرەكسىز قىلىپ قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، دۇكىنىدا ھاراق، تاماكا ساتمىغانلارنى، ھەتتا ساتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغانلارنى «مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش، دىنىي ئەسەبىيلىك» دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ ئېغىر جازالىغاندى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق يېزا كەنتلىرىگە

**“**

**يېقىندىن تارقىلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان.**


قاۋاقخانا، پاھىشىخانىلارنى كۆپەيتىش، زەھەرلىك چېكىملىكنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلغاندى.

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، خۇسۇسەن ياشلارنى زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ تارىخى ئالدىنقى ئەسىرگە سوزۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىقلار، خەۋەرلەردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ختاي زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يامرىشىنى بىر قوللۇق پىلانلاپ كەلگەن ۋە بۇنى توسۇشقا تىرىشقانلارنى، خۇسۇسەن ئالىم-ئۆلىمالارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جازالاپ كۆزدىن يوقاتقان.

**ختاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ ياشلارنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن.**



# خىتاي يەنە ئۆزبېكىستان خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزبېكىستان مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ مەسئۇللىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەت قىلدۇرغان.

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە،

ئۆزبېكىستان مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ مەسئۇللىرى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي



تۈركىستاندا بەش كۈنلۈك زىيارەتتە بولغان. بۇ جەرياندا زىيارەت ئۆمىكىنى شەرقىي

تۈركىستانىنىڭ قىزىلسۇ، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت-شەھەرلىرىدىكى بازار، كارخانا، مەسچىت، مەنزىرە رايونلىرىنى، يەنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرغان. زىيارەت ئۆمىكىگە يەنە ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى»، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى باش تېمىلىق كۆرگەزمىسى» كۆرسىتىلگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۆزبېكىستان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە تاشقى دوستلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ر. قۇربانوف ۋە دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى س. تاشبايوف قاتارلىقلار خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ماس


**خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە قارىتا ساختا تەشۋىقاتىنى كۈچەيتمەكتە.**



**زىيارەتچىلەر خىتاينىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ماسلىشىپ پىكىر بايان قىلدى.**

هالدا: «شىنجاڭدا ئىناق، خاتىرجەم ئىجتىمائىي كەيپىياتنى، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت گۈللەنگەن تەرەققىيات كەيپىياتىنى هېس قىلدۇق» دەپ بىلجىرلاشقان.

خىتاي يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان غايەت زور مەبلەغ سېلىپ، ساياهەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، ساياهەت ئورۇنلىرىنى مەهەللىلەردىن ئايرىۋەتتى. زىيارەتچى، ساياهەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەهۋالىنى بىلەلمەيلا قالماستىن، پەقەت ساياهەت ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ، خىتاينىڭ





يالغان تەشۋىقاتىنى ئاڭلىدى. تۈرلۈك زىيارەت ئۆمەكلىرىمۇ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ئىشەندى ياكى ماسلاشتى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئىزچىل داۋام قىلماقتا.

# تەتقىقات نەتىجىسى: چوڭ تىپتىكى پارچە سېتىش مەھسۇلاتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق



ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، چوڭ تېپتىكى پارچە سېتىش مەھسۇلاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ھازىرغىچە مەۋجۇت ئىكەن.

بىرلەشمە خەۋەر



**داڭلىق شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلارنىڭ *19%* ىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەۋجۇت.**

ئاگېنتلىقى 7-ماي ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، بولتۇر ئامېرىكا ۋە خەلقئارادىكى پارچە ساتقۇچى شىركەتلەر ساتقان مەھسۇلاتلارنىڭ 19% ىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەۋجۇت ئىكەن. گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قانۇن چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك




**مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئۇنۇملۇك چەكلىيەلمەيگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.**

مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەشتە ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەن.

مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكىنىڭ «يەر قاتلىمى سۇ ئامبىرى» ۋە «قوللىنىشچان DNA ئىلمى» شىركەتلىرى تەرىپىدىن 7-ماي ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تەتقىقاتتا ئىزوتوپلۇق ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، زىرائەتلەردىكى كاربون، ھىدروگېن قاتارلىق ئېلېمېنتلار ۋە

ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىغا ئاساسەن مەنبەسى تەكشۈرۈلگەن. نەتىجىدە مەھسۇلاتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە رايون نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئايدىڭلاشقان.

تەتقىقاتتا چوڭ تىپتىكى پارچە ساتقۇچىلار ۋە ئېلېكتىرونلۇق سودا سۇپىلىرىدا بولتۇر 2-ئايدىن بۇ يىل 3-ئايغىچە سېتىلغان كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغ ئەۋرىشكىسى ئانالىز قىلىنغان. نەتىجىدە سىناق قىلىنغان 822 خىل مەھسۇلاتنىڭ 19% ىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 57% ىگە «پەقەت ئامېرىكىنىڭ ماتېرىيالى ئىشلىتىلدى» دەپ خەتكۈچ چاپلانغان. بۇ تەتقىقاتتا سىناققا قاتناشتۇرۇلغان پارچە ساتقۇچى شىركەتلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئىسمى ئاشكارىلانمىغان.



# لاگېر شاھىتى گۈلباھار جېلىلنىڭ
# خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈردى



فرانسىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ ياشاۋاتقان، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىپ كېلىۋاتقان لاگېر شاھتى گۈلباھار جېلىلنىڭ خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى.


فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسى 9-ماي ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دىلنۇر رەيھان خانىمنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدىكى ئۇچۇرنى نەقىل ئېلىپ مەخسۇس خەۋەر ئىشلىگەن بولۇپ، فرانسىيەدە سىياسىي پاناھلىق ئاستىدا ياشاۋاتقان لاگېر شاھتى گۈلباھار خانىمنىڭ خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بىر گۇرۇپپا خىتاي گۈلباھار خانىمنىڭ پارىژدىكى تۇرالغۇسىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقان. ئەينى ۋاقىتتا گۈلباھار خانىم قارشى تەرەپتىكى تۇرالغۇ بىنادا دوستى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن. ئەمما گۈلباھار خانىمنىڭ دوستى توققۇز خىتاينىڭ قارا رەڭلىك ماشىنىدىن چۈشۈپ، گۈلباھار خانىم تۇرىدىغان بىنانى نازارەت قىلماقچى بولغاندەك بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بايقىغان. دوستى دەرھال گۈلباھار خانىمغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلغان ھەمدە ئۇنى بىنادىن چىقماسلىققا تەۋسىيە قىلغان. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن مەزكۇر توققۇز كىشى گۈلباھار خانىمنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقان.

> **بىر گۇرۇپپا خىتاي لاگېر شاھتى گۈلباھار جېلىلغا تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇندى.**

**گۇمانلىق تـوققۇز كىشىنىڭ**
**خىتايلار**
**ئىكەنلىكى**
**مەلۇم بولدى.**

ۋەھىمە ئىچىدە قالغان گۈلباھار خانىم دىلنۇر خانىمغا تېلېفون قىلغان. دىلنۇر خانىم دەرھال بۇ ئۈچۈرنى ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىغا يوللاش بىلەن بىرگە، ساقچىغا مەلۇم قىلغان. ساقچىلار نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، بۇ توققۇز كىشىنى (يەتتە ئەر ۋە ئىككى ئايال) سوراق قىلىش





ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن.

گۈلباھار خانىم ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان قازاقىستان پۇقراسى. ئۇ ئىلگىرى ختاي بىلەن قازاقىستان چېگراسىغا يېقىن جايدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما 2017-يىلى 5-ئايدا ختاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە تۇرغان مېھمانخانىدىن تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدا 465 كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئۇ لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن پاش قىلىپ كەلمەكتە.

# ئامېرىكا خىتاينىڭ يەنە 37
# ئورگىنىنى جازا تىزىملىكىگە قوشتى



ئامېرىكا خىتاينىڭ 37 شىركەت ۋە ئورگىنىنى سودا جازا تىزىملىكىگە قوشۇشنى قارار قىلغان




بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋا شارى، كىۋانت تېخنىكىسى، يادرو تەتقىقاتى تۈرىگە ئالاقىدار بولغان ۋە رۇسىيەگە ياردەم بەرگەن ئورگانلار بار ئىكەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا 9-ماي سودا قارا تىزىملىكىگە 37 خىتاي ئورگىنى ۋە شىركەتلىرىنى قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم شىركەتلەر ئۆتكەن يىلى ئامېرىكا ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن خىتاينىڭ گۇمانلىق جاسۇسلۇق ھاۋا شارىغا چېتىشلىق، دەپ ئەيىبلەنگەن شىركەتلەر ئىكەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى باياناتىدا بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ھالدا ھەربىي ئىشلارغا چېتىشلىق

> **“**
> ***ئامېرىكىنىڭ خىتاي شىركەتلىرىنى جازالاش ھەرىكىتى داۋاملاشماقتا.***



**ئامېرىكا مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت، دەپ تەكىتلىمەكتە.**

ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىنى ۋە تېخنىكىسىنى سېتىۋېلىشى چەكلىنىدىكەن. بۇ قېتىم خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھاۋا شارى تۇرىگە چېتىلىش سەۋەبىدىن



قارا تىزىملىككە قوشۇلغان شىركەتلەردىن باشقا، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى بۇلتۇر 2-ئايدىمۇ ئالتە خىتاي شىركىتىنى جاسۇسلۇق شارى ۋەقەسى سەۋەبىدىن سودا جازا تىزىملىكىگە قوشقانىدى.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى يەنە بۇ قېتىم نىشان قىلىنغان بىر قىسىم شىركەت، ئورگانلارنىڭ 2022-يىلى رۇسىيە ئۇكرائىناغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، خىتاينىڭ يادرو پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى كونترول قىلىنغان بۇيۇملارنى رۇسىيەگە توشۇشقا قاتنىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

> **خىتاي رۇسىيەگە ئاستىرتتىن ياردەم بېرىش بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلدى.**



# ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن جازا تاموژنا بېجى ئېلىشنى پىلانلىدى



ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن جازا تاموژنا بېجى ئېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، گېرمانىيە بۇ پىلانغا قوشۇلمىغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 10-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆز بازىرىنى قوغداش ئۈچۈن، خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن جازا تاموژنا بېجى ئېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ پىلان گېرمانىيەدە قارشى ئىنكاس قوزغىغان. گېرمانىيە قاتناش




مىنىسترى ۋولكېر ۋىسىڭ خىتايغا جازا تاموژنا بېجى قويۇشنى رەت قىلغان بولۇپ، BMW نىڭ باش دىرېكتورىمۇ جازا تاموژنا بېجى يولغا قويۇشقا قارشى چىققان.

گېرمانىيە قاتناش مىنىسترى ۋولكېر ۋىسىڭ جازا تاموژنا بېجى ئېلىشنى رەت قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە: «بىز دۆلەت ئىچى بازىرىنى چەكلەشنى خالىمايمىز، بەلكى ئۆزئارا رىقابەتلىشىمىز. شۇڭلاشقا گېرمانىيە جازا تاموژنا بېجى ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۆزۈش قوزغاشنىڭ ئورنىغا، خەلقئارادا ئادىل ۋە قېلىپلاشقان رىقابەت مۇھىتىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېگەن.

> ***خىتاي توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن جازا تاموژنا بېجى ئېلىشقا گېرمانىيە قارشى چىقتى.***




خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىغا جازا تاموژنا بېجى قويۇشنى پىلانلاۋاتقان بىر پەيتتە، گېرمانىيە ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى خىتاينىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ياۋروپا ئاپتوموبىللىرىدىنمۇ جازا تاموژنا بېجى ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.



گېرمانىيە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بازار بولۇپ، ئۇلار

سودىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۇرسۇلا ۋون دېر لېيېن تاموژنا بېجى قوشۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىزنىڭ ياقتۇرمايدىغىنىمىز خىتاينىڭ زور مىقداردا تولۇقلىما پۇلغا ئېرىشكەن توكلۇق ئاپتوموبىللىرىنىڭ بازىرىمىزغا بۆسۈپ كىرىشى. ئۆزىمىزنىڭ بۇ ساھەسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن.

> “
> **خىتاي شىركەتلىرى خىتاي رېجىمىدىن زور مىقداردا تولۇقلىما پۇلغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.**

# ختاي باش مىنىستىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ جازالانغان شىركەتلەرنى زىيارەت قىلدى

ختاي باش مىنىستىرى لى چياڭ تۇيۇقسىز شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى سەۋەبلىك ئامېرىكا تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ختاينىڭ شىركىتىنى مەخسۇس زىيارەت قىلغان

بىرلەشمە سەھەر گېزىتى خەۋەر قىلىشىچە، ختاي باش مىنىستىرى لى چياڭ 7-مايدىن 9-مايغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ كۈن زىيارەتتە بولغان ۋە بۇ جەرياندا «ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئېچىۋېتىشنى، خەلقئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش، غەربكە ئېچىلغان كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىستىھكام بەرپا قىلىش» قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن. لى چياڭ يەنە تۆت يىلدىن بېرى ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىدە تۇرۇۋاتقان ختاينىڭ ئۈزۈن يىللىق توقۇمىچىلىق شىركىتى يىدا گۇرۇھىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارماق شىركىتىنى زىيارەت قىلغان.



كۆزەتكۈچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، لى چياڭ ئامېرىكا سودا ساھەسىدە قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن شىركەتلەرنى زىيارەت قىلىشتا شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان بۇ شىركەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش

ۋە ئېتىراپ قىلىشنى
مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ئامېرىكا
شەرقىي تۈركىستاندىكى
ئىنسان ھەقلىرى
مەسىلىسىنى تۇتقا
قىلغان ئاساستا خىتايغا

بېسىم قىلىۋاتقان بىر
پەيتتە، مەزكۇر زىيارەت
ئارقىلىق بىرلەشكەن
دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا
شەرقىي تۈركىستاننى
تاشقى دۇنياغا
ئېچىۋېتىش تەدبىرىنىڭ

**"**

***لى چياڭ جازا تىزىملىكىدىكى يىدا گۇرۇھىنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى.***





**يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى يېڭى باستۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ كەلمەكتە.**

ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنغان.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، لى چياڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكومنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بىللە 7-مايدىن 9-مايغىچە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان. بۇ شى جىنپىڭ 23-ئاپرېل چۆگچېگدا يىغىن چاقىرىپ، ئاتالمىش «غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ھەققىدە يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، لى چياڭنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، لى چياڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق

رايونلارنى زىيارەت قىلغان. بۇ جەرياندا دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق، تېخنىكا، ئېنېرگىيە ۋە خىمىيە بۇيۇم سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىقات ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. جۈملىدىن سانجىدا ئامېرىكا قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن يىدا گۇرۇھى توقۇمىچىلىق سانائىتى شىركىتىنى زىيارەت قىلغان.

2020-يىلى خىتاينىڭ داڭلىق توقۇمىچىلىق سانائىتى شىركىتى بولغان يىدا گۇرۇھى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر شىركەت ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى خېرىدارلىرىنى يوقاتقان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، 2022-يىلى 6-ئايدىن تارتىپ رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى.



# بېنگاللىق يۇتۇبېر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئاشكارىلىدى

بېنگاللىق بىر يۇتۇبېر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خەلقئارادا كۆچەپ قىلىۋاتقان يالغان تەشۋىقاتلىرىنىڭ يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلىدى.

«ئىسلامىي ھايات پىروگراممىسى» ناملىق






يۈتۈب قانىلى ئاچقان بىر بېنگاللىق يۈتۈبىر يېقىندا ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازارنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە قىسقا بىر ۋىدىيو ھەمبەھىرلىگەن. مەزكۇر ۋىدىيوغا «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشنى خالىمايدۇ؟» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ۋىدىيودا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ زىيارەت داۋامىدا كوچا، دۇكانلاردىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەن بولۇپ، مەزكۇر زىيارەتنى ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش، بارلىق ئىبادەتلەرنى چەكلەش، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىن مۇسۇلمانچە سالام-سائەت قىلىشتەك ئەقەللىي قائىدىنى يوقىتىشتەك جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلىغان.

مەزكۇر يۈتۈبىر ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ كوچىلىرىدا مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇچراتقان ئۇيغۇرلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر نەچچىسىلا ئەندىشە، ئىككىلىنىش كەيپىياتىدا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمما كۆپىنچە ئۇيغۇرلار «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى رەت قىلغان ياكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالامغا «ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۈتۈبىر بىر ئاشخانىغا كىرىپ، بىر ئۇيغۇر ئاشپەزنىڭ ئىسمىنى سورىغان. ئارقىدىن: «سىز مۇسۇلمانمۇ؟» دەپ سورىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئاشپەز ئەنسىرىگەندەك

> **بېنگاللىق يۈتۈبىر باشقا ياللانما تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئەكسىچە خىتاينىڭ جىنايىتىنى پاش قىلدى.**



**ئۇيغۇرلار «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشتىنمۇ قورقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.**

تۆۋەن ئاۋازدا: «ھەئە، مەن مۇسۇلمان» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئارقىدىن يۈتۈبېر ئۇنىڭغا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دەپ سالام قىلغان. سالامنى ئاڭلىغان ئاشپەز ئاڭلىسا بولمايدىغان، دېيىشكە بولمايدىغان سۆزنى ئاڭلاپ قالغاندەك چىراي ئىپادىسى بىلەن تۇرۇپ قالغان. بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان (ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بولسا كېرەك) ئۇيغۇر ئايال قول ئىشارىتى بىلەن جاۋاب بەرمە، دەپ ئىما قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاشپەز يۈتۈبېرنىڭ سالامىنى جاۋابسىز قالدۇرغان.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى تارقالغان دەلىل-ئىسپاتلار، گۇۋاھلىقلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشنىمۇ چەكلىگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى. ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىكى رىياسەتچى، دىكتورلارمۇ بۇرۇن

پىروگراممىلىرىنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ باشلىغان بولسا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇنىڭ ئورنىغا «ياخشىمۇسىلەر» دېگەن سۆز ئالماشتۇرۇلغان.

ختاي نۆۋەتتە غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، چەت ئەللىك بىر قىسىم تور مەشھۇرلىرىنى ياللاپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ساياھەت ۋىدىيولىرى تارقىتىپ كەلمەكتە ۋە بۇ ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. ھالبۇكى، تارقىلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر خىتاينىڭ قاتتىق يوشۇرۇۋاتقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلماقتا.

> **«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» كەلىمىسى ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىمۇ چەكلەنگەن.**





# بايدېن خىتاي مەھسۇلاتلىرىغا تاموژنا بېجىنى كۆپەيتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى



ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىر تۈركۈم خىتاي مەھسۇلاتلىرىدىن قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، خىتاينى ئالدامچىلىق قىلغانلىق بىلەن ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە،



**“ *قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئېلىش قارارىدا توكلۇق ئاپتوموبىل نۇقتىلىق نىشانلاندى.* **

ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 14-ماي توكلۇق ئاپتوموبىل، كومپيۇتېر ئۆزىكى، قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىسى، ھالقىلىق مىنېرال ماددىلار ۋە داۋالاش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق بىر قاتار خىتاي ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

بايدېن ئاقسارايدا قىلغان سۆزىدە: «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى،




**قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئېلىش قارارى 18 مىليارد دوللارلىق خىتاي ماللىرىغا چېتىلىدۇ.**

پەقەت رىقابەت ئادىل بولسىلا، ئامېرىكىلىق ئىشچىلار ھەر قانداق ئادەمگە قارىغاندا ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ ۋە رىقابەتلىشەلەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ئادالەتسىزلىك يۈز بەرمەكتە. ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان خىتاي ھەر خىل كەسىپتىكى شىركەتلەرگە دۆلەت مەبلىغىنى كىرگۈزدى» دېگەن.

بايدېن خىتاينىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تولۇقلىما پۇلى بىلەن تەمىنلەپ ئىشلەپچىقىرىشى نەتىجىسىدە خەلقئارانىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئارقىدىن خىتاي يەنە مەھسۇلاتلارنى ناھايىتى تۆۋەن باھادا خەلقئارا بازارغا تۆككەنلىكىنى، بۇ قىلمىش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى



تەكىتلىگەن.

بايدېننىڭ 18 مىليارد دوللارلىق خىتاي ماللىرىغا تاموژنا بېجى كۆپەيتىش پىلانىنىڭ ئامېرىكا-خىتاي ئومۇمىي سودا ھەجىمىدىكى تۇتقان ئورنى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ، ئىقتىسادنى قوغدىغۇچى تاشقى سودىغا تايىنىدىغان خىتاي ئۈچۈن چوڭ مەسىلە دەپ قارالماقتا.

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى تاموژنا بېجى قارارى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا زاۋۇت-كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان يېڭى ئېنېرگىيە ساھەلىرىگىمۇ زەربە بېرىشى ئېنىق ئىكەن.

ئامېرىكا تاراتقۇلىرى بايدېننىڭ 18 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى خىتاي ماللىرىغا تاموژنا بېجى كۆپەيتىش قارارىنىڭ سودا ھەجمىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل

**تىرامپ دەۋرىدىن كېيىن خىتاي ماللىرىغا قويۇلغان ئەڭ چوڭ تاموژنا بېجى جازاسى دەپ قارالماقتا.**

قىلسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىنى ئامېرىكىدا تۆكمە قىلىپ سېتىشنى پۈتۈنلەي توسىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# سابىق جاسۇس خىتاينىڭ مەخپىي ساقچى ھەرىكىتىنى ئاشكارىلىدى



ختاينىڭ بىر سابىق جاسۇسى ختاي رېجىمىنىڭ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۆكتىچىلەرنى نىشان قىلغان مەخپىي ساقچى ھەرىكىتىنى ئاشكارىلىدى.



ئاۋستراليە ABC خەۋەر قانىلىنىڭ 12-ماي خەۋەر قىلىشىچە، ختاينىڭ سابىق ئالاھىدە خادىمى «تۆت بۇلۇڭ» ناملىق بىر تەكشۈرۈشتە ختاينىڭ سىيسىق نامى پۇر كەتكەن مەخپىي ساقچى ئورگىنىنىڭ ئىچكى ھەرىكىتى ۋە ئۆلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئۆكتىچىلەرنى «ئوۋلاش» ھەرىكىتىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، ئاۋستراليە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىغىر بىخەتەرلىك مەسىلىسى دىققەت قوزغىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ ختاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە كۈچلۈك بولغان مەخپىي

**“**

***ختاي ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ بىر خادىمى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئاۋاز چىقاردى.***

تارمىقىدىكى بىر خادىمىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئاۋاز چىقىرىشى ھېسابلىنىدىكەن. تەكشۈرۈشتە يەنە مەزكۇر مەخپىي ساقچى تارمىقىنىڭ بۇلتۇر ئاۋستراليە تەۋەلىكىدە مەخپىي جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ئىجرا قىلغانلىقى ۋە بىر ئاۋستراليە پۇقراسىنى 2019-يىلى مەخپىي ھالدا ختايغا قايتۇرۇپ كەتكەنلىكى بايقالغان.




**مەزكۇر ختاي جاسۇس ختاي رېجىمى ئۈچۈن 15 يىل خىزمەت قىلغان.**


ئېرىك ئىسمىلىك مەزكۇر ختاي جاسۇس 2008-يىلىدىن 2023-يىلىنىڭ بېشىغىچە ختاي رېجىمىنىڭ ساقچى ۋە بىخەتەرلىك

ئورگىنى بولغان جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي بۆلۈمىدە ئالاھىدە خادىم ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ بۆلۈم ختاي



رېجىمىنىڭ ئاساسلىق باستۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ، خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنى تەنقىد قىلغۇچىلارنى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنى تەنقىد قىلغۇچىلارغا نازارەت قىلىش، تۇتقۇن قىلىش، ئاۋازىنى بېسىقتۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كەلگەن.

38 ياشلىق مەزكۇر خىتاي بىخەتەرلىك ئەندىشىسى سەۋەبىدىن خىتايدىن قاچقان بولۇپ، بۇلتۇر ئاۋستىرالىيەگە كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاۋستىرالىيەنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى ئاۋستىرالىيە بىخەتەرلىك ئىستىخبارات تەشكىلاتىغا ئاشكارىلىغان. بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ۋە نىشانى خىتاي، ھىندىستان، كامبودژا، تايلاند، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيەگە چېتىشلىق ئىكەن.



# خىتاي ئەلچىخانىسى پاكىستان خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى




پاكىستاندا تۇرۇشلۇق خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئىسلامئابادتا ئېچىلغان يىغىلىشتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

خىتاينىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئورگان تورىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئەلچىخانىسى 18-ماي ئىسلامئابادتا ئاتالمىش «پاكىستاننىڭ نەزىرىدىن شىنجاڭدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرگە قاراش» ناملىق سۆھبەت يىغىنى




ئاچقان. يىغىندا سۆز قىلغان ختاي ئەلچىسى شى يۈەنچياڭ ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، خۇسۇسەن ئىسلام دىنىنى چەكلەش، باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا، كۆز بوياشقا ئۇرۇنغان.

ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە توختىلىپ: «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولۇق دىنىي ئەركىنلىكى بار، شىنجاڭدا 24 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار بولۇپ، مۇسۇلمانلار دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولماقتا. شىنجاڭ

**ختايغا سادىق بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە شېرىك بولماقتا.**




**خىتاي ساختا تەشۋىقاتلىرىنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تامامەن چەكلىدى.**

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج ۋە ئۆمرىگە بارىدىغان ئەسلىھەلىرى بار. شىنجاڭ ھەققىدە تارقالغان خەۋەرلەرنىڭ ئاساسى يوق» دەپ بىلجىرلىغان.

پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى رەئىسى ئۆمەرخان زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن خىتاي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ناسىرخان، ئەزىمجان قاتارلىقلارنىڭمۇ بۇ پائالىيەتتە سۆز قىلغانلىقىنى، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ماس ھالدا: «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ» دەپ بىلجىرلاشقانلىقىنى ئېيتتى.

ھالبۇكى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي بۇ يىل 7-مارت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان




خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خىتاي سىياسىي مەسلىھەت يىغىنىدا: «شىنجاڭدا ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش مۇقەررەر يۈزلىنىش» دەپ بىلجىرلىغاندى.

خىتاي يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار بارلىق ئىبادەت، پائالىيەتلەرنى پۈتۈنلەي چەكلىگەن، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەشۋىقات ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئاز بىر قىسىم مەسچىتلەردىمۇ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن. خىتاي يەنە بۇلتۇر 8-ئايدا مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، قۇرئاننى قايتىدىن تەرجىمە قىلىش، قۇرئاننى كۇڭزى ئىدىيەسى بىلەن شەرھلەپ، سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

# ب د ت ئەمەلدارى: دۆلەتلەر خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى توختىتىشى كېرەك

شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بارغان ب د ت ئەمەلدارى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى توختىتىشى كېرەكلىكىنى دەۋا قىلدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 19- ماي خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي، قورچاق رەئىس ئەركىن تۇنىياز يېقىندا شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بارغان ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭەشىنىڭ «يەككە تەرەپلىك مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسى» ئالاھىدە دوكلاتچىسى ئالىنا دوھان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشكەن.

ما شىڭرۇي خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلىپ: «ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە



ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش بىزنىڭ بوشاشماس ئىنتىلىشىمىز. ئامېرىكا پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى، دەپ خالىغانچە بوھتان چاپلىدى ھەم ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، خىتاي كارخانىلىرى ۋە خادىملىرىغا قارىتا قانۇنسىز چەكلىمە يۈرگۈزدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق... شىنجاڭ پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن جاي. شىنجاڭغا دائىم كېلىپ ئايلىنىپ بېقىشىڭلارنى، كۆرۈپ بېقىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز» دەپ بىلجىرلىغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، خىتاي ئالىنا دوھان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۈرۈمچى، شىخو، سانجى، خوتەن قاتارلىق شەھەر-ۋىلايەتلىرىدە كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئالاقىدار كارخانىلارنى زىيارەت قىلدۇرغان؛ ئالاقىدار تارماقلار، مۇتەخەسسىسلەر، كارخانا خىزمەتچىلىرى، ئىشچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنى ماختىغان.

ب د ت نىڭ ئورگان تور بېتىدىكى خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئالىنا دوھان يەنە بېيجىڭ، شېنجېنغىمۇ بارغان بولۇپ، 12 كۈنلۈك زىيارىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتايغا قاراتقان يەككە تەرەپلىك جازالارنى بىكار قىلىش كېرەكلىكى

**_خىتاي ئەمەلدارلىرى ب د ت ئەمەلدارى ئالىنا دوھاننى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى._**

ھەققىدە جار سالغان. ب د ت نىڭ مەزكۇر ئەمەلدارى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بېرى خىتاي شىركەتلىرى ۋە شەخسلەرگە جازا يۈرگۈزۈشى سەۋەبلىك، يەرشارىۋى بازارنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، ئىشسىزلىق كېلىپ چىققانلىقىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا خىتاي ۋە باشقا

دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات ئورگانلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش تۈرلىرىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنى، يەككە تەرەپلىك جازا يۈرگۈزۈشنىڭ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بىلجىرلىغان.

بېلارۇسىيەلىك تەتقىقاتچى ئالىنا دوھان 2020-يىلى 3-ئايدىن بۇيان ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭەشنىڭ يەككە تەرەپلىك مەجبۇرلاش تەدبىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسى ئالاھىدە دوكلاتچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

پايدا ئالمايدىغان خەلقئارالىق ئورگان «ب د ت كۆزىتىش تەشكىلاتى» 2022-يىلى 18-ماي ئېلان قىلغان دوكلاتىدا ب د ت نىڭ مۇستەقىل مۇتەخەسسىسى ۋە ئالاھىدە دوكلاتچىسى ئالېنا دوھاننىڭ سەتچىلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى. دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، ئالېنا دوھان 2021-يىلى خىتاي رېجىمىدىن 200 مىڭ دوللار قوبۇل قىلغان ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە

**“ ئالىنا دوھان خىتايغا يۈرگۈزۈلگەن جازالارنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى باھانە قىلدى.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقاتلىرىغا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشىغا ماسلىشىپ بەرگەن. ئۇ 2021-يىلى 9-ئايدا يەنە خىتاي تەرىپىدىن






ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى يىغىنغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ بۇنى تەشۋىقات پۇرستى سۈپىتىدە قوللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئالىنا دوهان بۇ قېتىملىق خىتاي زىيارىتى ھەققىدىكى تەپسىلىي دوكلاتىنى بۇ يىل 9-ئايدا ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىگە تاپشۇرىدىكەن. ئۇنىڭ خىتايغا ماسلاشقان باياناتى خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن كۆپلەپ خەۋەر قىلىنماقتا.



# خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك

# ئەمەلدارىنىڭ تېررورلۇققا زەربە بېرىشنى قايتا تەكىتلىشى دىققەت قوزغىدى

شەرقىي تۈركىستانغا ئىككى كۈنلۈك «تەكشۈرۈش» ئۈچۈن بارغان خىتاي سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى چېن ۋېنچىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى داۋاملىق باستۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ، «زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش»، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش،



مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنىيلاشتۇرۇش»، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن ئىبارىلەرنى قايتا تەكىتلەپ بىلجىرلىغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى چېن ۋېنچىڭ 22-مايدىن 26-مايغىچە شەرقىي تۈركىستاننى «تەكشۈرگەن».

چېن ۋېنچىڭ بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاتتىق باستۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ: «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنايەتكە زەربە بېرىش، مەسىلىلەرنى بىر

**“ خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى يېقىنقى مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم باردى.**

تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ جار سالغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، چېن ۋېنچىڭ ئىككى كۈن جەريانىدا قەشقەر، غۇلجا، ئۈرۈمچى ۋە 4-دىۋىزىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سىياسىي-قانۇن ئورۇنلىرىنى تەكشۈرگەن. چېن ۋېنچىڭ يەنە



**ختاي مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا.**

تاشقورغان، قورغاس چېگرا رايونىغا بارغان بولۇپ، بۇ جەرياندا چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە غۇلجىدا ئاتالمىش «قىسمەن ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەرنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ، زور خەۋپ-خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

ختاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزچىل باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان




خەلققە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش سىياسىتىنى ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش» باھانىسى بىلەن ئىجرا قىلغانىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەردە قىرغىن قىلىنغان، سانسىزلىغان كىشىنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغانىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى قايناق بازارلار، كوچىلار چۆلدەرەپ قالغان بۈگۈنكى مەزگىلدىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارىنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش»نى قايتا تەكىتلىشى دىققەت قوزغىماقتا.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي بۇ يىلمۇ ئىلگىرى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالمىغان ياكى ئۆز ۋاقتىدا بىر مەزگىل قامىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنىمۇ قايتا تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان.



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقىقەتكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00